FORB Learning Platform

# سىنارىيە: ئېتىقاد ۋە دىنىي ئەركىنلىكىنىڭ مەزمۇنلىرى—

خەلقئارا پۇقرالار ۋە سىياسىي ھوقۇق ئەھدىنامىسىنىڭ 18-ماددىسىدا، دىنىي-ئېتىقاد ئەركىنلىك ھوقۇقىنىڭ قوغدالغىنىغا ئوخشاش، تەپەككۇر ۋە ۋىجدانىي ئەركىنلىكلىرىمۇ دىنىي-ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە قوغدىلىنىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن.

تەپەككۇر ۋە ۋىجدانىي ئەركىنلىك دېگەنلىك، سىزنىڭ ۋىجدانىڭىزغا ياكى دىنىي-ئېتىقادىڭىزغا خىلاپ كېلىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبور بولغاندا رەت قىلىش ھوقوقى دېگەنلىك بولىدۇ. مىساللارنى تىلغا ئالساق، مەجبۇرىي ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش، مەجبۇرىي قەسەم بېرىش، مەجبۇرىي قان سېلىش ياكى مەجبۇرىي كىلىنكىلىق ئوپېراتسىيەلەرگە قاتناشتۇرۇلۇش قاتارلىقلارنى رەت قىلىش ھوقوقىنى تەلەپ قىلىش بولىدۇ. ب د ت ماتېرىياللىرىدا تىلغا ئېلىنغان ۋىجدانىي قارشىلىق ئەركىنلىكىنىڭ بىردىنبىر كونكېرت ئېنىقلىمىسى بولسا مەجبۇرىي ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەشنى رەت قىلىشتىنلا ئىبارەت بولۇپ، ياكى ب د ت غا قاراشلىق يىغىنلاردا ياكى دۇنيا ئۇنۋېرسال كىشىلىك ھوقوق خىتابنامىسىدە تىلغا ئېلىنمىغان. ئەمما، ب د ت كىشىلىك ھوقوق كومىتېتىنىڭ ئۇنۋېرىسال باھا 22 دە تىلغا ئېلىنغان. يۇقارقىي دوكلات خەلقئارا پۇقرالار ۋە سىياسىي ھوقۇق ئەھدىنامىسىنىڭ 18-ماددىسىنى قايسى خىل ئۇسۇلدا يۈرگۈزۈش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان كىشىلىك ھوقوق مۇتەخخەسسىلىرى تەرىپىدىن تەييارلانغان. مەزكۇر كومىتېت شۇنى خۇلاسلايدۇكى، خەلقئارا پۇقرالار ۋە سىياسىي ھوقۇق ئەھدىنامىسىنىڭ 18-ماددىسى

بىراۋنىڭ مەجبۇرىي ھالدا ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگەندە ئۆز دىنىي-ئېتىقادىغا مۇخالىپ ھالدا ئادەم ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇرلىنىشىنى رەت قىلىش ھوقۇقىنى قوغدايدۇ.

خېلى كۆپ ساندىكى دۆلەتلەر يۇقارقى ھوقۇقنى ئېتىراپ قىلىدۇ ھەم قوغدايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باشقا دۆلەتكە ۋەزىپە ئۆتەش ئۇسۇللىرى بىلەن ئالماشتۇرۇش ياكى بولمىسا كەچۈرۈم قىلىش ئۇسۇللىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەمما بەزى ئۆز ۋىجدانىغا خىلاپ كېلىدىغان ياكى تىنچلىقپەرۋەرلەر يۇقارقىي ۋەزىپىلەرنى رەت قىلغاندا تۈرمىگە كىرىش ئەھۋاللىرىغا ئۇچرايدىغان دۆلەتلەر ھېلىھەم مەۋجۇت. مەسىلەن، جېخوۋاخلار دەل مەزكۇر ۋەقەنىڭ يارقىن مىسالىدۇر. 2016-يىلى دېكابىر ئۆز ۋىجدانىيغا خىلاپ مەجبۇرىي ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەشنى رەت قىلغان 389 جەنۇبىي كورىيەلىكلەر تۈرمە جازاسىغا ئۇچرىغان.

ب د ت كىشىلىك ھوقوق ئورگانلىرىغا ئاساسلانغاندا، مەجبۇرىي ھەربىي ۋەزىپىسىز دۆلەتكە خىزمەت قىلىشنى تاللاش ھوقۇقى، ھېچقانداق كەمسىتىشكە ئۇچرىمىغان ئاساستا، ھەر قانداق ۋىجدانىي قارشىلىق بىلدۈرگۈچىلەرگە بېرىلىشى لازىم ھەمدە يۇقارقى ھوقۇقلىرى دەخلىي-تەرۇزغا ئۇچرىغان ھەر قانداق ۋىجدان ئىگىسى، مۇشۇ ھوقۇقلار ھەم مۇشۇ ھوقۇقلارنى قانداق قوغداش توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەندۈرۈلۈشى لازىم. ئەسكەرلىككە قاتناشقۇچىلار ھەم پىدائىيلار ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەشتىن بۇرۇن ھەم ئۆتەش جەريانىدا قارشىلىق بىلدۈرەلەيدىغان بولۇشى لازىم.

مەجبۇرىي ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەشنى رەت قىلىشتەك ۋىجدانىي ھوقۇقتىن باشقا ۋىجدانىي ھوقۇقلار خەلقئارا دۇنياسىدا ئېتىراپ

قىلىشقا ئېرىشمەكتە. داۋالاش سىستېمىسىنى مىسالغا ئالساق، بالا چۈشۈرۈشكە قارشى دوختۇر ياكى تۇغۇت دوختۇرلىرىنىڭ رەت قىلىش ھوقوقى دېگەندەك. بەزى دۆلەتلەردە، ۋىجدانىي قارشىلىق قىلىش ھوقوقى ئوخشاش جىنسلىقلار مەسىلىسى بىلەن بىللە ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا.

ئىنسانىي ھوقوقلارغا ئائىت قىيىن سوئاللار دائىم ئۇچرايدۇ. مەسلەن ۋىجدانىي قارشىلىق قىلىش ھوقوقىي ئاياللار ھوقوقىي بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغان ياكى كەمسىتىشكە قارشى قانۇن – نىزاملارنى بېكىتكەن چاغلاردا.

خەلقئارادا ھازىرغا قەدەر يۇقارقى ۋىجدانىي قارشىلىق ھوقوقىغا ئېنىق بىر قانۇنىي ئۆلچەم يوق بولۇپ، تالاش- تارتىش ئىچىدىكى مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تۆۋەندىكىلەر بولسا بىز دائىم ئۇچرىتىدىغان دەتالاشلار؛

بەزىلەر دەيدۇكى ۋىجدانىي قارشىلىق ھوقوقى بولسا چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان دىنىي-ئېتىقاد ئەركىنلىك ھوقوقى بولۇشتەك مۇتلەق ھوقوقلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار بايان قىلىدۇكى، ۋىجدانىي ئەخلاقىغا ئەگىشىش ھېچقانداق جازا ياكى بەدەل تۆلەشكە ئۇچرىماسلىقى لازىم. ئاخىرىقى ھېسابتا، مۇئىمىن تىنچلىقپەرۋەر بولۇش ياكى ئەسكەر بولۇش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. نەتىجىدە، تىنچلىقپەرۋەرلەرنى ئەسكەر بولۇشقا مەجبۇرلاش ئۇلارنىڭ ئەسلى بار بولغان دىنىي-ئېتىقاد ئەركىنلىكى بولۇشتەك مۇتلەق ھوقۇقلىرىغا دەخلى-تەرۇز قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بەزى كىشىلەر يۇقارقى ھوقوقنى مۇتلەق ھوقوق دەپ قارىمايدۇ، بەلكى كونكېرت ئەھۋالغا قاراپ بېكىتىش كېرەك دېگەن قاراشتا. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلار، مەھبۇسلار ۋە باشقا ئامالسىز قالغانلار ۋىجدانىي قارشىلىق قىلىش ھوقوقىغا خىلاپلىق قىلىشقا مەجبۇرلانماسلىقى كېرەك. ئەمما ئۆزى خالاپ خىزمەت ئىلتىماس قىلغان ھەم ئايرىلىش ئەركىن بولغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ خىزمەتكە ياللىغۇچىلارغا ۋىجدانىي قارشىلىق قىلىش ھوقوقىنى ئۆزلۈكىدىنلا تەڭشەشنى ئۈمىد قىلماسلىقى لازىم. يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، ۋىجدانىغا قاراپ ئىش قىلىش ئۇسۇلىنى تاللاش بەلكىم بەدەل تۆلەشنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن.

يەنە بەزىلەر دەيدۇكى، ۋىجدانىي قارشىلىق بولسا بىر ھەرىكەت بولۇپ، ۋىجدان، دىنىي-ئېتىقادنىڭ بىر ئىپادىسى. ئىپادىلىرى بەلكىم چەكلىمىلىك بولۇشى مۇمكىن، ئەمما پەقەت باشقىلارنىڭ ئەركىنلىكى، ئاممىۋى سەھىيە، تەرتىپ ۋە ئەخلاق ئەركىنلىكلىرىنى قوغدىغان ۋاقىتلاردىلا شۇ خىل چەكلىمىگە ئۇچرىشى مۇمكىن. ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەشكە ۋىجدانىي قارشىلىق قىلىش مۇناسىۋىتىدە شۇنىسى مۇھىمكى، دۆلەت بىخەتەرلىكى دىنىي- ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى چەكلەيدىغان قانۇنلۇق ئۆلچەم ئەمەس.

قانۇنىي مۇتەخەسسىسلەر يۇقارقىي بايانلارنىڭ ھېچقايسىسىنى توغرا دەپ قارىمايدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، بىز بۇ فىلىمدە ۋىجدانىي قارشىلىق قىلىشقا نەزەر سالدۇق. ۋىجدانىي قارشىلىق قىلىش ھوقوقى بولسا بىراۋ مەجبۇرىي ھالدا قىلىشقا سورالغان ئىشنى قىلىشنى رەت قىلىشتىن ئىبارەت. ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەشنى رەت قىلىش ھوقوقىي بولسا خەلقئارالىق قانۇندا قوغدىلىدىغان ھوقوق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نۇرغۇن دۆلەتلەر ئوخشىمىغان يوسۇندا ۋىجدانىي ھوقوق قارشىلىق قىلىش ھوقوقىنى دۆلەت سەۋىيىسىدە ئېتىراپ قىلىدۇ. ھالبۇكى، يۇقارقىي ھوقوقلار تالاش-تارتىش ئېچىدە ھەمدە يۇقارقىي مەزمونلاردا خەلقئەرادا تولۇق قانۇن تۇرغۇزۇلمىغان.

تۆۋەندىكى تور بەتتىنكى تەربىيە ماتېرىياللىرىدىن ئىنسانىي ھوقوق، ۋىجدانىي قارشىلىق ھوقوقلىرىغا ئائىت تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلار، تېكىستلىق ھۆججەتلەرنى تاپالايسىز.